شىنجاڭ سودا گېزىتى

新疆商报

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN 65 — 0066 / F

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 57 — 137

ھەپتىلىك گېزىت، 1993 - يىلى 17 - ئاپرېل (شەنبە) 247 - سان

«شىنجاڭ سودا گېزىتى» مۇدىرىيىتىگە ئەزا ئورۇنلار

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات - نەشرىيات باشقارمىسى، شىنجاڭ تىببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆك تاماكا ئىدارىسى، شىنجاڭ بىكتۇەن سودا ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفت باش شىركىتى، شىنجاڭ مىللىي سودا - دوستلۇق شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىكلەر شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق شېكەر، هاراق شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سوداسايمانلىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرلۇك ماللار شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق توقۇلما ماللار شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مېتال، قاتناش، ئېلېكتر بۇيۇملىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سوداترانسپورت شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ساقلاش، توشۇش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - سودا ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - سودا ئىدارىسى، شىنجاڭ ئىلان - سەنئەت شىركىتى

بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش - قارا قويۇق پۇل تېپىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ليۇشىجاڭ سودا قىزغىنلىقى ئۈستىدە توختالدى

«جۇڭگو سودا گېزىتى» خەۋىرى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھلار مۇلازىمەت مەركىزى مۇدىرىيىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇشىجاڭ ئەپەندى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇرۇلتىيىدا كىنايە سۆزلەر بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىنى دادىل تەنقىد قىلغان ئىدى. بەش يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى 8 - قۇرۇلتايدا ئۇنىڭغا مۇخبىرلار مەملىكەت بويىچە قانات يايغان 3 - قېتىملىق سودا قىزغىنلىقىغا قانداق قارايدىغانلىقى توغرىسىدا بەس - بەستە سوئال قويدى. ليۇشىجاڭ ئەپەندى مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مېنىڭ ئەسلىدىكى قارىشىم هازىرمۇ ئۆزگەرمىدى. بىرىنچىدىن، ھەممە كىشىنىڭ سودا قىلىش ئىقتىدارى يوق، جەمئىيەتنىڭ خىزمەت تەقسىماتى بولۇشى لازىم. ئىككىنچىدىن، بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق دۆلەتنىڭ قانۇنى ئورگانلىرى كارخانا قۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتسە، داۋا ئىشلىرىنى قانداقمۇ ئادىللىق بىلەن سورىغىلى بولسۇن؟ ئۇ مۇنداق دېدى: ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش ياخشى ئىش، دۆلەتنىڭ ئاجرىتىدىغان پۇلى ئاز، يۈكى يېنىك بولىدۇ. ئەمما، مائارىپ تارماقلىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ كىرىم يارىتالايدىغانلىقىنى بىلىش لازىم. ئاپپاراتلارنى ئىخچاملىغاندىن كېيىن زور بىر تۈركۈم كىشىلەر «دېڭىز»غا چۈشىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىنلا سودا - سېتىق قىلىشتىن خەۋىرى يوق بولسىمۇ، هازىر بۇنىڭغا مەجبۇر بولماقتا. ئىش باشلىغاندا، ئىستېمالىنى ئىلۇشتىكى، ياخشى مەن... بۇنىڭ بىر ئۆتكۈنچى مەزگىل بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «دېڭىز»غا چۈشكەن ھەممە كىشىنىڭ غەلىبە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ناهايىتى نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇپ بولىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا بىزدە پىسخىكا جەھەتتىن تەييارلىق بولۇشى لازىم. بەزى ئىشلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. هازىر چوڭ قورۇغلۇقتىكى كىشىلەرنىڭ پۇل تېپىش ئىگىشياڭگاڭلىقلارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك، ئورگاندىكى كىشىلەرگە بىسىم بەك كۈچلۈك، ئۇلارغا «دېڭىز»غا چۈشسە، باي بولىدىغاندەك، چۈشمىسە بىگىسى يوقتەك تۇيۇلماقتا، نەتىجىدە ئۇلار خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ. بۇ، جەمئىيەتتىكى خىزمەت تەخسىماتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، بەزىلەر سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشى، بەزىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى، بەزىلەر ماقالە يېزىشى كېرەك... دېمەك، ھەممە كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بار. شۇڭا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، يورۇشلەشتۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىش، تەرتىپلىك بولۇش لازىم. مەسىلەن ئالايلۇق، قەرەللىك ماللار بازىرى بىلەن پاي چېكى بازىرىنىڭ ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىشى ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن ساختىپەزلىكلەر يوشۇرۇنغان، ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا، ئىقتىسادقا ناهايىتى زور زەربە بېرىلىپ كېتىدۇ. بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنى مىسالغا ئالساق، چىكاگو شەھىرىدە پەقەت بىرلا قەرەللىك ماللار بازىرى بار. بارى - يوقى ئىككىلا پاي چېكى بازىرى نيۇيوركقا جايلاشقان. ھەممىلا كىشىنىڭ جېنىنىڭ بارىچە پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كېتىشىنىڭ هاجىتى يوق. هەر كىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئادىتى بولىدۇ. پۇل كۆپ تېپىلسا كۆپ، ئاز تېپىلسا، ئاز بولۇۋەرسۇن. ھەممە ئادەم ئۆز خاھىشى بويىچە تۇرمۇش ئۆتكۈزسۇن. ئۇ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. چەت ئەل كىشىلىرى خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەسلىدە جۇڭگو 3 - ئايدا تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە كىرىدۇ. خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى چۈشىدۇ دېگەن سۆز تارالغان ئىدى. جەزمەن مۇشۇنداق بولامدۇ - يوق؟ ئۇ سودا شارائىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. هازىر تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئىلاستىكلىقى چوڭ بولماي قالدى. كۆپ ئېكسپورت قىلغاندىلا، تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئىمپورت قىلغىلى بولىدىغان بولدى. دېمەك، ئەرزان بولغاندا، ساتقىلى بولىدىغان ئەھۋال يوقالدى. هازىر جەنۇبتىكى خەلق پۇلىنىڭ قارا بازىرى ناهايىتى چوڭ. شياڭگاڭدا خەلق پۇلىنى شياڭگاڭ پۇلىغا ئايرىۋاشلىغىلى بولىدۇ. ماگزىنلارمۇ خەلق پۇلىنى ئېلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە خەلق پۇلى ئايرىۋاشلاشقان بولىدىغان پۇل بولۇشقا ئاز قالدى. جۇڭگو تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن خەلق پۇلىنى ئايرىۋاشلاشقا بولىدىغان پۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. شۇڭا پۇلنى تېزگىنلەشنى كۈچەيتىش زۆرۈر. خەلق پۇلى بىلەن شياڭگاڭ پۇلىنىڭ هۆكۈمەتتىكى سېلىشتۇرما باھا نىسبىتى 07 :1 بولىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، 1:1 بولۇپ قالدى. پەرق مۇنچىۋالا زور بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە تەڭشەلمىسە، مۇۋاپىق بولمايدۇ، پەرقنى تەدرىجى تۈردە كىچىكلىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئىمپورتنى ئازايتىپ، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، خەلق پۇلىنىڭ سېلىنمىسىنى ئازايتىپ، قىممىتى چوڭ چەت ئەل پۇلىنى ئامانەت قويغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنى قىسقارتىپ، ئۇلار ئامانەت قويغان چەت ئەل پۇلىنى ئىشلىتىش كېرەك.

مۇھىم خەۋەرلەر

△ مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا مۇئاۋىن زۇڭلى زۇجياخۇا «1992 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ھەم 1993 - يىللىق پىلان لايىھىسى» توغرىسىدىكى دوكلاتىدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ يىل ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنى بىر تىرىليون 250 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈپ، % 14.7 ئاشۇرۇش لازىم.

△ مۇئاۋىن زۇڭلى جۇرۇڭجى قۇرۇلتاي مەزگىلىدە خۇنەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل گوۋۇيۈەن قەتئىينىيەتكە كەلدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىشكە بولمايدۇ. بارلىق سېلىقلارنى بىردەك توختىتىش، ئالدى بىلەن توختىتىپ، ئارقىدىن ئېنىقلاش لازىم.

△ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى چېن جىنخۇا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كارخانىلار بازارغا يۈزلىنىپ، بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلىنىشى لازىم. تىجارەتتە ئىگىلىك هوقۇقى بولمىسا، بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

△ مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنۇلارنى جاكارلىدى: خەلق پۇلىنىڭ داۋاملىق كۇرسى چۈشىدۇ دېگەن سۆز پىتنە - ئىغۋا.

«جۇڭگو سودا گېزىتى» دىن

قەشقەر «خەلق» مېھمانخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى مۇكاپاتلاندى

گېزىتىمىزنىڭ قەشقەر مۇخبىرلار پونكىتى خەۋەر قىلىدۇ: قەشقەر «خەلق» مېھمانخانىسى ئۆتكەن يىلى پايدىنى 255 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇردى. يېقىندا قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مۇنەۋۋەر كارخانا رەھبەرلىرىنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، مېھمانخانا دىرېكتورى جىن لۇشاڭنى 7000 يۈەن، مېھمانخانا شۇجىسى يۈيۈگشىڭنى 4500 يۈەن، مۇئاۋىن دىرېكتور مۇھەممەت ساۋۇت، ئەزىز ئىسلاملارنى 3600 يۈەندىن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

غۇلجا ناهىيە خۇدىيارىيۈزى يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى ئۈن مو يەر، 39 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شەنبىلىك چارۋا ماللار بازىرى ئاچتى. نەتىجىدە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

سۈرەتتە: بازاردىن بىر كۆرۈنۈش.

ئابدۇرۇسۇل ئەخمىدى، ئابدۇرۇسۇل هاجى خەۋىرى ۋە فوتوسى

سۈرەتلىك خەۋەر

قورغاس - تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ياخشى ماكانى بولۇپ قالدى

«ئىقتىساد گېزىتى» خەۋىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ بىر قىسىم گۇرۇھ ھەسسىدارلىق شىركىتى مۇدىرىيىتىنىڭ باشلىقى جۇاڭ يۈجيەنىڭ سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىدا ئۇلۇغ ئەنجىلەر قولغا كەلدى. ئەمما بىز ئۆزىمىزنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان بىر رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يەنى جۇڭگونىڭ شەرقىي بىلەن غەربىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئالاھىدە پەرقلىق بولۇۋاتىدۇ. بۇ خىل پەرق يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە داۋاملىق كېڭىيىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا غەربىي شىمال رايونىنى ئېچىش جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئومۇمىي مەسىلىسى نۇقتىسىدا تۇتۇشىمىز لازىم. غەربىي رايوننى ئاچماقچى دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭغا مەبلەغ سېلىشىمىز لازىم. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولۇۋاتقان شارائىتتا بۇ رايونغا ئاساسلىقى چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا تايىنىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە قورغاس ئېغىزى ئىنتايىن مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئارتۇقچىلىققا ئىگە. بۇ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆزلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: چوڭ غەربىي شىمال جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىغان مەزگىلدىكى نۇقتىلىق تەرەققىيات رايونىدۇر. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئۆتۈشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە شىنجاڭ ياۋروپا قىتئەسى بىلەن تىنچ ئوكيان رايونى ئوتتۇرىسىدىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنىڭ قۇرۇقلۇق، ھاۋا يولى ئۆتكىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە، شەرقىي ياۋروپاغا ئۆتىشىدىغان قورغاستىن ئىبارەت بۇ ئېغىزدىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا مەركىزى سودا رايونى قۇرۇش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان جۇڭگو قازاقىستان چېگرا رايونى قورغاس خەلقئارا سودا شەھىرى قۇرۇش ئىككى دۆلەتكە ناھايىتى زور پايدا يەتكۈزىدۇ.

دېمەك، قورغاس خەلقئارا سودا شەھىرى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر تۈر ناھايىتى قىيىن ۋە تەۋەككۈلچىلىكى زور بولغان تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ كېتىدۇ. ئەمما بۇندىن كېيىن قانداق قىيىنچىلىق يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ تۈرگە مەبلەغ سېلىشقا ئىشەنچەم كامىل. چۈنكى قورغاسنى قۇرۇش بىر كەشپىيات، ئېچىش خاراكتېرلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قورغاس تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ياخشى ماكانى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر ساھە باھادىرلىرىنىڭ بىردەك ھەمكارلىشىپ قورغاسنى ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. قورغاسنى ئېچىش بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئىشى. ئۇ مۇنۇ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. خەلقئارا سودا شەھىرى قۇرۇشنى دۆلەتنىڭ نامرات رايونلارنى يۆلەش پىلانى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈش لازىم. شۇندىلا قاتناش - ترانسپورت جەھەتتىكى بىر يۈرۈش تاشقى شەرت - شارائىتلارنى ياخشىلاش لازىم.

2. ھۆكۈمەت مەبلەغ سالغۇچىلارغا تۈرلۈك قولايلىقلارنى يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ بېرىشى كېرەك.

3. دۆلەت ئىچىدىكى شىركەتلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرىنى غەربىي رايونغا مەبلەغ سېلىشقا كۆپلەپ جەلپ قىلىپ «كەم ئاچما شۇ نەپ ئالىدۇ» دېگەن پرىنسىپنى يولغا قويۇش، باج مۇھابىزەت رايوندىمۇ ئالاھىدە بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

4. دۆلەت غەربىي رايونغا قارىتا سىياسەتتە يان بېسىشى كېرەك. يۈرۈشلەشكەن ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بەلگىلەش لازىم. كۈچلۈك مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشقا ياخشى شەرت-شارائىت ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

بىر نەچچە ئىقتىسادىي ئاتالغۇ ئۈستىدە قىسقىچە ئىزاھات

مەبلەغ سېلىش مۇھىتى

مەبلەغ سېلىش مۇھىتى تەبىئىي جۇغراپىيە، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە قانۇن مۇھىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ تەننەرخى، توشۇش تەننەرخى ۋە خام ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى، بازارلارنىڭ ئورنى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىبار بېرىش ياكى ئاسراش سىياسىتى، باج، تاموژنا بېجى، قانۇن، قائىدە - نىزام، ئاساسىي مۇئەسسەسە، نوپۇس ساپاسى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى خېيىم - خەتىرى ئاز، زىيىنى (تەھدىتى) ئاز، پايدىسى (پۇرسەت) كۆپ بولۇشتىن ئىبارەت.

تاشقى پېرېۋوت، چەت ئەل پۇلى ۋە تاشقى پېرېۋوت نورمىسى

تاشقى پېرېۋوت دېگىنىمىز چەت ئەل پۇلىنى، چەت ئەللەرنىڭ باھالىق ئاكسىيىلىرىنى، چەت ئەل پۇلى تۆلەش ۋاسىتىلىرىنى ۋە باشقا تاشقى پېرېۋوت مەبلەغلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

چەت ئەل پۇلى تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئاساسىي بىر خىل شەكلى. چەت ئەل پۇلى ئىختىيارىي ئېكىشكىلى بولىدىغان ۋە ئىختىيارىي ئېكىشكىلى بولمايدىغان، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ بانكىلىرىدا بېجىرىلىۋاتقان ئىختىيارىي ئېكىشكە بولىدىغان چەت ئەل پۇلى ئامېرىكا دوللىرى، ياپونىيە يېنى، ئەنگلىيە فوند ستېرلىڭى، شياڭگاڭ پۇلى، گېرمانىيە ماركى، فرانسىيە فرانكى قاتارلىق 20 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. چەت ئەل پۇلىنى ھازىر دۆلىتىمىز چېگراسى ئىچىدە ئوبوروت قىلىشقا بولمايدۇ.

تاشقى پېرېۋوت نورمىسى، يەنى تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر قايسى تارماقلار ۋە كارخانىلار ئۆزلىرى تاپقان تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئىشلىتىشكە تەستىقلاپ بېرىلگەندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى بانكىغا سېتىپ بېرىشى لازىم. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بولسا پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمى بويىچە، تاشقى پېرېۋوت تاپقان ئورۇنلارغا مەلۇم نىسبەتتە تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونى

يېڭى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رايونى دېگىنىمىز پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاستە بىرلىشىشىنى، شۇنىڭدەك، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشقا ئامىللىرىنىڭ ياخشى بىرىكىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇ ئارقىلىق تېخنىكىنى ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەلدۈرۈلىدىغان سىرتقا يۈزلەندۈرۈلگەن، ئېچىۋېتىلگەن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا سانائىتى زىچ رايون.

يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى سېتىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش

يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى سېتىش دېگىنىمىز، دۆلەت يەرنىڭ ئىگىسى سالاھىيىتى بىلەن، يەرنىڭ مۇئەييەن مەزگىللىك ئىشلىتىش ھوقۇقىنى يەردىن پايدىلانغۇچىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش، يەردىن پايدىلانغۇچى دۆلەتكە يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك ھەققى تۆلەشتىن ئىبارەت ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش بولسا يەردىن پايدىلانغۇچى دۆلەتكە پايدىلىنىش ھوقۇقىنى سېتىپ بەرگەنلىك پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولۇپ، سېتىپ بېرىش توختامىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قۇرۇلۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، يەرنىڭ پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قايتىدىن يۆتكەش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سېتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تەقدىم قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش

كارخانىلارنى قوشۇۋېلىش بىر كارخانىنىڭ باشقا كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ھەقلىق ئېرىشىش ياكى مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا ھەقسىز ئېرىشىش ئارقىلىق، شۇ كارخانىنى ۋەكالەتچىلىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش ياكى كارخانىنىڭ ۋەكالەتچى گەۋدىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بىر خىل ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. قوشۇۋېلىش مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى: قەرزنى ئۈستىگە ئېلىش شەكلى، دېتۇۋېلىش شەكلى، ھەسسىدارلىق تۈزۈمى، ھەقسىز شەكلىدىن ئىبارەت.

ئىجارىگە ئېلىپ باشقۇرۇش

ئىجارىگە ئېلىپ باشقۇرۇش دېگەنلىك، كارخانا مۈلكىنىڭ خارەكتېرىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتلىرى ئاستىدا ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئايرىۋېتىلىدىغان بىر خىل كارخانا باشقۇرۇش شەكلى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىجارىگە بېرىپ باشقۇرۇشتا، دۆلەت ھوقۇق بەرگەن ئورۇنلار ئىجارىگە بەرگۈچى تەرەپ بولۇپ، كارخانىلارنى ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپنىڭ باشقۇرۇشىغا قارەل بەلگىلەپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئىجارىگە ئالغۇچى تەرەپ ئىجارىگە بېرىش توختامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىجارىگە بەرگۈچى تەرەپكە ئىجارە ھەققى تۆلەيدۇ ھەمدە توختامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە: شەخسىي ئىجارىگە ئېلىش، شېرىكلىشىپ ئىجارىگە ئېلىش (ئىككىدىن بەشكىچە ئادەم شېرىكلىشىپ ئىجارىگە ئېلىش)؛ بارلىق خادىملار ئىجارىگە ئېلىش (كارخانىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىجارىگە ئېلىش)؛ كارخانىلار ئىجارىگە ئېلىش (بىر كارخانا يەنە بىر كارخانىنى ئىجارىگە ئېلىش) قاتارلىقلار.

«يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلىدىن

غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزا باغۋەن كەنتىدىكى خەمىت، ئىمام، ئابدۇرېھىملار بىرلىشىپ 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بۇلتۇر قىش ۋە بۇ يىل ئەتىيازدا 130 تۇياق قوي بورداپ بازارغا سالدى.

سۈرەتتە: ئۇلار قويلىرىغا يەم بەرمەكتە.

سۈرەتلىك خەۋەر

مىرزەخمەت مەھەممەت فوتوسى

جۇڭگو - قازاقىستان چېگرا رايونىدا قۇرۇلىدىغان خەلقئارا سودا شەھىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1992 - يىلى 9 - ئايدىن 1993 - يىلى 1 - ئايغىچە شياڭگاڭ بىر قىسىم گۇرۇھ ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياركەنت رايونلۇق ھۆكۈمىتى يەر ئىجارە ئېلىپ خەلقئارا سودا شەھىرى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. كېلىشىمدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: جۇڭگو بىلەن قازاقىستان قورغاس ئېغىزىنىڭ ھەر قايسى تەرىپىدىن بىر مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنى ئىجارە ئالىدۇ. بۇ يەرنى ئىشلىتىش قەرەلى 50 يىل بولىدۇ. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ كارخانىسى بولغان «شىنجاڭ جاجۇ چېگرا سودا شەھىرى ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇلۇپ روېخەتكە ئېلىندى. روېخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى 60 مىليون يۈەن خەلق پۇلى. ئومۇمىي مەبلىغى 400 مىليون يۈەن خەلق پۇلى بولىدۇ. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپتە «قازاقىستان - جۇڭگو خەلقئارا ئەركىن سودا رايونى ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇلدى. ئىككى دۆلەت قورغاس سودا شەھىرىدە ئۆزلىرىنىڭ سودا ئىشلىرىنى لايىھىلەپ، سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆي - مۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش بۇيۇملىرى، كۆن - خۇرۇم، ئېلېكترون، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى تىجارەت قىلىدۇ ۋە بۇ كەسپلەر ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

«جۇڭگو ئىقتىساد گېزىتى» دىن.

بۇ كارخانا ئۇچۇرغا، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ماخمۇتجان ھېزىم،**
مېھراي تۇرسۇنلار خەۋەر قىلىدۇ: غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىلىق يۇڭ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بازار رىقابىتىدە ئۇچۇرغا، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن تېز روناق تېپىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ كارخانا 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى 1 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن تاشكۆۋرۈك يېزىسى ھەمكارلىشىپ قۇرغان يېزا - بازار كارخانىسى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن 1991 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ 15 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈندىن ئېتىبارەن ئادىمى ئاز، كۆلىمى كىچىك بولۇشىغا قارىماي، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، بازار رىقابىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەردى. تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. نەتىجىدە 1991 - 1992 - يىلى 414 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، ئىلى - 2 - 3 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلەپ، 242 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ياراتتى. بۇ يىل 350 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈپ، 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 30 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، 10 مىڭ يۈەن باج - پايدا ياراتتى. 30 مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى، 300 مىڭ يۈەنلىك ئايلانما مەبلىغى بولغان بۇ كارخانا نۆۋەتتە، غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار بىلەن تەڭ قەدەمدە بىرلىشىپ تېز روناق تاپقان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى يېزا - بازار كارخانىسىغا ئايلاندى.

يۇمۇرلار

ئېرى ئۆگىسلى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كېلىپ، ئايالىغا دەپتۇ:

- بايا مەن ئەمدىلا ئارقا كوچىغا كىرىشىمگە، بىر ئادەم تۇيۇقسىزلا كېلىمىغا پىچاق تەڭلەپ: «پۇلۇڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟» دېگەنتى، مەن يېنىمدىكى ھەممە پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. خۇدايىم بىر ساقلىدى - دە!

- سىززە بەك دۆت جۇمۇڭ! پۇلنى نېمىشقا بەردىڭىز؟

X X

- نېمىلا بولسا بولسۇن، مەن بۇگۇن سەندىن پۇلۇمنى ئېلىۋالماستىن بولدى قىلمايمەن.

- ئالدىڭدا بەك خىجىلمەن، يەنە بىر نەچچە كۈن مۆھلەت بەرسەڭ. يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەن چوقۇم پۇل تاپالايمەن.

- قانداق تاپىسەن؟

- بىرىنچىدىن، بەلكىم يولدىن پۇل تېپىۋېلىشىم مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، باشقىلار ماڭا پۇل بېرىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن ...

- ھە، نېمە؟

- سەن ئۆلۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

X X

تويى قىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر ئەر ئايالىنىڭ ئالدىدا قوشنىسىنىڭ قىزىنى «ئۇنداق چىرايلىق، مۇنداق چىرايلىق» دەپ يەنە ماختىغىلى تۇرۇپتۇ. ئايالى زەردە قىلغان ھالدا:

- ئەمىسە، نېمىشقا شۇ قىزنى ئالمايسىز؟

دېگەن ئىكەن، ئېرى مۇنداق دەپتۇ:

- سېنى ئۇ ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان تۇرسا، ئەمدى ئۇنى قانداق ئالالايمەن؟

X X

بىر ئەر دوستىغا مۇنداق دەپتۇ:

- تۈنۈگۈن كەچتە ئايالىم بىلەن سوقۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تىزلاندى.

دوستى ھەيران قاپتۇ:

- پاھ! قالتىسقۇسەن. ئايالىڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ ساڭا نېمە دېدى؟

- ئۇ: «ئۆلگۈر قېرى، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالماي چىقمامسەن» دېدى.

ئالىمجان ئازات (ت)

يۇمۇرلار

ئېرى ئۆكسىلى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كېلىپ، ئايالىغا دەپتۇ:
- بىليا مەن ئەمدىلا ئارقا كوچىغا كىرىشىمگە، بىر ئادەم تويۇقسىزلا كېلىمىغا پىچاق تەڭلەپ: «پۇلۇڭغا تۇراسەن، جېنىڭغىمۇ؟» دېگەنتى، مەن يېنىمدىكى ھەممە پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم. خۇدايىم بىر ساقلىدى - دە!
- سىززە بەك دۆت جۇمۇلا! پۇلنى نېمىشقا بەردىڭىز؟

X X

- نېملا بولسا بولسۇن، مەن بۈگۈن سەندىن پۇلۇمنى ئېلىۋالماستىن بولدى قىلمايمەن.
- ئالدىڭدا بەك خىجىلمەن، يەنە بىر نەچچە كۈن مۆھلەت بەرسەڭ. يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەن چوقۇم پۇل تاپالايمەن.
- قانداق تاپىسەن؟
- بىرىنچىدىن، بەلكىم يولدىن پۇل تېپىۋېلىشىم مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، باشقىلار ماڭا پۇل بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچىدىن ...
- ھە، نېمە؟
- سەن ئۆلۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

X X

توي قىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر ئەر ئايالىنىڭ ئالدىدا قوشنىسىنىڭ قىزىنى «ئۇنداق چىرايلىق، مۇنداق چىرايلىق» دەپ يەنە ماختىغلى تۇرۇپتۇ. ئايالى زەردە قىلغان ھالدا:
- ئەمسە، نېمىشقا شۇ قىزنى ئالمايسىز؟
دېگەن ئىكەن، ئېرى مۇنداق دەپتۇ:
- سېنى ئۇ ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان تۇرسا، ئەمدى ئۇنى قانداق ئالالايمەن؟

X X

بىر ئەر دوستىغا مۇنداق دەپتۇ:
- تۈنۈگۈن كەچتە ئايالىم بىلەن سوقۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تىزلاندى.
دوستى ھەيران قاپتۇ:
- پاھ! قالتىسقۇسەن. ئايالىڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ ساڭا نېمە دېدى؟
- ئۇ: «ئۆلگۈر قېرى، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋالماي چىقمامسەن» دېدى.

ئالىمجان ئازات (ت)

«دىيارىمىز مەدەنىي يارىشىش ئۈرۈكىدىن» دېگەن ھېكمەتنىڭ قىممىتى جولى

لوپنۇر ناھىيىسىدىكى مۇنەۋۋەر خۇسۇسىي كارخانىچى توختى بارات ئاكا توغرىسىدا

ماھمۇت ئەخمەت قاسىم

(ئۆز مۇخبىرىمىز)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى سودا ئىشلىرىغا يېڭى گۈللىنىش بەخش ئەتتى. دىيارىمىزدا سودىغا ماھىر، بازار ئېڭى ۋە قىممەت قارىشى يۇقىرى بولغان زور بىر تۈركۈم خۇسۇسىي كارخانىچىلار كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇلار كاتتا بايلارغا ئايلانغاندىن كېيىن، دۆلەتكە زور مەنپەئەت يەتكۈزدى. باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئوبلاستىمىزنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدىكى مۇنەۋۋەر خۇسۇسىي كارخانىچى توختى بارات ئاكا دەل ئەنە شۇنداق كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان.

يولداش توختى بارات ئەسلىدە لوپنۇر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كادىرى بولۇپ، 1985- يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئەنە شۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئىش كۈتۈپ تۇرۇپ قالدۇ. توختى

زىيارەت خاتىرىسى

ئاكا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوغۇللىرىنى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپ يوللار ئارقىلىق 25 مىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ، ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەدەتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تىجارەت باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى يەڭلىرىنى شىمايلاپ شۇ يىللا بازار مەيدانىغا سەكرەپ چۈشىدۇ. كىچىك ئوغلى تۆمۈر بوتكا ئېچىپ گەزمال سېتىشقا باشلايدۇ، ئوتتۇرانچى ئوغلى قاساپچىلىق قىلىدۇ. چوڭ ئوغلى بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەيدۇ. ۋە كالا - قوي بورداپ ساتىدۇ. ئۇلار توختى ئاكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خېرىدارلارغا ئۆز قېرىندىشىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئادىل، ئاقىلانە سودىنى قانات يايدۇرىدۇ. دۆلەت قانۇنىغا قەتئىي رىئايە قىلىپ، 1986- يىلدىن 1989- يىلغىچە ھەر يىلى 6000 يۈەندىن، 1990- يىلدىن بۇيان 7000 يۈەندىن 9000 يۈەنگىچە باج ۋە باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار لوپنۇر ناھىيىسى بويىچە ئەڭ كۆپ باج تاپشۇرغان يەككە تىجارەتچى ئائىلىسىگە ئايلىنىدۇ.

بىر ئىش باشلانغان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋە تەرەققىياتى بولىدۇ. 1986- يىلغا كەلگەندە، «تۆمۈر بوتكا» ناھىيىلىك سودا بازىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، 20 مېترلىق سودا ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. 1992- يىلغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سودا كىرىمى بىر قانچە ھەسسە كۆپىيىپ «مىليون يۈەنلىك تىجارەتچى»گە ئايلىنىپ قالدۇ. مەبلەغ بولسا ئىگىلىك تىكلەش ئۈنچىۋالا تەسكە چۈشمەيدۇ. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە زور كۆتۈرۈلۈش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا ناھىيە بازىرىدىن 2.3 مو يەرنى سېتىۋالدۇ ۋە بۇ يەرگە كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان، گەزمال دۇكىنى، كىيىم - كېچەك دۇكىنى، مېھمانخانا، مۇنچا قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرى بىرگەۋدە قىلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال سودا سارىيى سېلىپ، تىجارەتكە كىرىشتۈرىدۇ. كۆركەم سېلىنغان بۇ سودا سارىيى ناھىيە بازىرىغا يېڭى ھۆسن قوشىدۇ.

توختى بارات ئاكا بېيىغاندىن كېيىن، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئالىيجانابلىق دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ 1988- يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ باللار باغچىسىغا 1130 يۈەن ياردەم قىلىدۇ. 1989- يىلى ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا 200 يۈەن، 1991- يىلى شەرقىي جۇڭگودىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغانلارغا 300 يۈەن، جامائەت ئىشلىرىغا 250 يۈەن ياردەم قىلىدۇ. 1990- يىلدىن بۇيان، شىنپىڭ يېزىسى 1-، 2- كەنتتىكى بىر قىسىم دېھقانلارغا ھەر يىلى 5000 - 6000 يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ روناق تېپىشىغا كۈچلۈك يار - يۆلەك بولىدۇ.

يولداش توختى بارات پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، دۆلەتنىڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ كەلگەچكە، ئاپتونوم رايون ۋە ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار تەرىپىدىن 12 قېتىم «ئىلغار تىجارەتچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

مەن توختى بارات ئاكىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ: «سودا سارايىلىرىنىڭ بازىرى ئوبدان ئىكەن، بىر قانچە يىلدىلا ئوبدانلا روناق تېپىپ، زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپلا، ھەقىقەتەن قالتىسكەنلا جۇمۇ» دېدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوڭ قولى بىلەن ئاق ئارىلىغان يارىشىملىق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

- بۇنىڭ ھەممىسى سىياسەتنىڭ ياخشىلىقى، ئۇكام، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى بولمىغان بولسا، بۇنداق كۆتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن بولامتى دەيسىز، - دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق، توختى بارات ئاكا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى. پارتىيە 14- قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە توختى بارات ئاكىدەك مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار تېخىمۇ كۆپ بارلىققا كەلگۈسى. پارتىيىنىڭ سىياسىتى بىزگە داغدام يول ئېچىپ بەردى. بۇ يولدا بىز باشقىلاردىن قېلىشمايمىز .....

1993- يىل 3- ئاي كورلا

قازاقىستاندىكى قارا جەمئىيەت جۇڭگولۇقلارغا كۆز تىكمەكتە

جۇڭگو بىلەن قازاقىستان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلار قازاقىستانغا بېرىپ سودا، سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان، ئوقۇيدىغان، ئۇرۇغ - تۇغقان، دوستلىرىنى يوقلايدىغان بولدى. ۋەھالەنكى، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى داۋاملىق ئېغىرلىشىپ، ئىجتىمائىي ۋەزىيەت مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، نىسبەتەن باي كۆرۈنگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدىكى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار قازاقىستاندىكى جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ قويدى. نەتىجىدە جۇڭگولۇقلار ئۇلارنىڭ ئوۋ نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. نۆۋەتتە قازاقىستانغا بارغان جۇڭگولۇقلارغا قارىتىلغان جىنايى قىلمىشلار ئۆتكۈر يېڭى مەسىلىگە ئايلاندى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1992- يىلى قازاقىستاندا جۇڭگولۇقلارغا قارىتىلغان جىنايەت دېلوسى 100 قېتىمدىن ئارتۇق يۈز بەرگەن. 1992- يىلى يازدا جۇڭگو- قازاقىستان مال سېتىۋېلىش ساياھەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، جىنايى قىلمىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، تەدرىجىي يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلگەن. بۇ جىنايى قىلمىشلار يانچۇقچىلىق قىلىشتىن باشلىنىپ، ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىش، ئاشكارا بۇلاش، ھەتتا مال - مۈلۈكنى دەپ جانغا زامىن بولۇشقىچە تەرەققىي قىلغان.

جىنايەتچى ئۇنسۇرلار جۇڭگونىڭ ئالمۇتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىك ئورگانلىرىنى ئاشكارا بۇلىغان، لياۋنىڭ ئۆلكىسى جۇڭبۇ شەھەرلىك تېخنىكا ئىقتىساد بىرلەشمە ئېچىش باش شىركىتىنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىملار كاماندىروپكىغا چىققاندا، جىنايى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ 550 ئامېرىكا دوللىرى، ئۈچ دانە تېلتايىۋ ئاپپاراتى، بىر دانە ئىمپورت قىلىنغان ئۈنئالغۇ تېلېفون، 2500 ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى شەخسىي ۋە ھۆكۈمەت مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان. 1992- يىلى 11- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ماددىي ئەشيانى قايتا ئىشلەپ پايدىلىنىش باش شىركىتىنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بىر توپ قوراللىق لۈكچەكلەر باستۇرۇپ كىرىپ، ئۈچ نەپەر خىزمەتچى خادىمنى باغلاپ قويۇپ، 400 مىڭ رۇبلى نەق پۇل ۋە 6 مىليون رۇبلى قىممىتىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلاپ كەتكەن: يېقىندا شىنجاڭدىكى يەنە بىر شىركەت خادىملىرى 2000 ئامېرىكا دوللىرىنى ئوغرىلىتىپ قويغان.

ساياھەت، مال سېتىۋېلىشقا بارغان ئۆمەك، گۇرۇپپىلار ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ بۇلاپ - تالاش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ خىل قىلمىشلار كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ، چوڭ ھەم كىچىك مېھمانخانىلاردىمۇ ئوخشاشلا يۈز بېرىپ تۇرغان. ئۇنىڭدا روشەن ھالدا ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈش ئالامىتى بار. شۇڭا ساياھەت، مال سېتىۋېلىش ئۆمەكلىرى چېگرىدىن كىرگەن ھامان قارا جەمئىيەت ساقچى ۋە مېھمانخانا بىلەن ئەيمەنمەي تىل بىرىكتۈرۈپ، ساياھەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىغان ۋە بۇلاپ - تالىغان. 1992- يىلى يازدىن كۈزگىچە شىنجاڭدىن تۆت تۈركۈم مال سېتىۋېلىش ساياھەت ئۆمىكى قازاقىستانغا بارغان بولۇپ، ھەر تۈركۈمدىن 20 گە يېقىن ئادەم قېتىم بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، زور زىيان تارتقان. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستاندا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئوغرىلايدىغان، بۇلايدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم يۈز بەرمەكتە.

جۇڭگولۇقلارغا قارىتىلغان جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل. قازاقىستان تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ئېغىر دەرىجىدە يامانلاشماقتا. 1992- يىلى قازاقىستان رويخەتكە ئالغان جىنايى ئىشلار دېلوسى بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم 200 مىڭ قېتىملىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئاشلىغان. پايتەخت ئالمۇتا شەھىرىدە 1992- يىلى دەسلەپكى 11 ئاي بىلەن 1991- يىلنى سېلىشتۇرغاندا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 19.9% ئاشقان. قازاقىستانلىقلارنىڭ تۇرمۇشى كۈنسايىن نامراتلاشماقتا. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، قازاقىستاندىكى 17 مىليون ئاھالىنىڭ 2/3 قىسمى نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئىشسىزلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئاشقان. تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق بۇرۇختۇملۇق بىر قىسىم كىشىلەرنى جۇڭگولۇقلارنىڭ تومپىيىپ تۇرغان يانچۇقىغا كۆز تىكىشكە مەجبۇر قىلغان.

«جۇڭخۇا سودا - سانائەت ۋاقىت گېزىتى»دىن

چەت ئەللەردە



توققۇزتارا ناھىيە يەكشەنبە مال بازىرىدا ھەر يەكشەنبە كۈنى 1500 باش ئۆيچۆرىسىدە ھەر خىل مال بازارغا كىرىپ تۇرىدۇ.

سۈرەتتە: مال بازىرىدىن كۆرۈنۈش.

غوجاش مەھەممەت فوتوسى

سۈرەتلىك خەۋەر

ئېلان كەسپى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى ۋە كەسپىي ئالاقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

گېزىتىمىزنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دائىرىسى بويىچە ئېلان كەسپى، ئۇچۇر مۇلازىمىتى شۇنداقلا كەسپىي ئالاقىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

1. گېزىتىمىز ھەرقايسى كارخانا، زاۋۇت، كان، كەسپىي شىركەت، ئىقتىسادىي گەۋدە، خۇسۇسىي كارخانا ھەمدە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلىرىدىكى ئېلانلىرىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدۇ. ئېلان ھەققى پۈتۈن بەت بويىچە 5000 يۈەن بىرلىك قىلىنغان ئاساستا سەھىپىگە قاراپ نىسبەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەق ئۆلچىمىدە ئېتىبار بېرىشنى مەسلىھەتلىشىشكە بولىدۇ.

2. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى كارخانىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەتبۇئاتلارغا خەنزۇ يېزىقىدا ئېلان بەرمەكچى بولسا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ۋەكالىتەن ئالاقىلىشىپ بېرىدۇ. زۆرۈر بولسا مۇۋاپىق تەرجىمە ھەققى ئېلىپ، ئېلان تېكىستىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تەييارلاپ بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇت، كارخانىلار بىلەن سودا، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى بولغانلارغا تەھرىر بۆلۈمىمىز ئالاقىلىشىش جەھەتتىن ياردەملىشىدۇ.

3. مەملىكەت دائىرىسى بويىچە ئۇچۇر مۇلازىمىتى يولغا قويۇلىدۇ. تۈرلۈك تەمىنلەش ئېھتىياج ئۇچۇرلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە گېزىتتە ئېلان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن يۈرۈشلەشكەن ئۇچۇر تورى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

4. تەھرىر بۆلۈمىمىز كەسپىي ئالاقىنى كەڭ يولغا قويىدۇ. گېزىتىمىز بېتىدە ئۆز ئورۇنلىرىنى ھەر خىل مەزمۇندا تەشۋىق قىلىشنى خالايدىغانلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ كېلىشسە بولىدۇ. ماقالىلەرنى ئۆزلىرى تەييارلاپ بېكىتىپ بېرىشكە بولىدۇ. تەھرىر، مۇخبىرلىرىمىز ۋەكالىتەن زىيارەت قىلىپ، تەھرىرلەپ تەييارلاپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ماقالىلەرگە مەخسۇس سەھىپىلەر ئاجرىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانا ئادرېسى، قانۇنىي خوجايىنى قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئالاھىدە زاكاز قىلىپ ئېلان قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. يەنە شەخسلەر گېزىت يۈزىدە يىراقتىكى ئاتا - ئانا، ئۇرۇغ-تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە سالام يوللىسا ھەم ھۆرمىتىنى بىلدۈرسە بولىدۇ. بۇ مەزمۇندىكى ئىشلارغا نىسبەتەن ئەرزان ھەق ئېلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى تۈرلەر بويىچە خادىم ياكى خەت - ئالاقە ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ سودا گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 17- قورۇ.

پوچتا نومۇرى: 830002.

تېلېفون نومۇرى: 222901 ئارقىلىق 341. ئېلان تىجارىتى كىنىشكا نومۇرى: 0100127.

ئالاقىلەشكۈچى خادىم: دەريا ھەسەن

مۇسابايوۋ ۋە ئۇنىڭ سودا كارخانىسى

شېرىپ خۇشتار

7. مۇسابايوۋلارنىڭ 11 قول سانائەت كارخانىسى

قەييۇم مۇسابايوۋ

مۇسابايوۋلارنىڭ قۇرغان قول سانائەت كارخانىسى 11 گە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىش تورى بويىچە تۆۋەندىكىلەرگە ئايرىلغان ئىدى:

(1) شامچىلىق؛ (2) سوپۇنچىلىق؛ (3) تۇگمىچىلىك؛ (4) يار يىلىم ئىشلەش؛ (5) ئىگەرچىلىك؛ (6) ھارۋا جابدۇق ياساش؛ (7) جۇۋىچىلىق؛ (8) كىگىزچىلىك؛ (9) گىلەمچىلىك؛ (10) پىيماگات (پىيمىچىلىق)؛ (11) موزدۇزلۇق؛ بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان: شامچىلىق، سوپۇنچىلىق كارخانىلىرىدا 10 نەپەردىن 20 نەپەرگىچە ئىشچى ئىشلىگەن. ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شام ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك بولۇپ، 45 سانتىمېترلىق قىزىل چىراغ شامى، 30 سانتىمېترلىق پانۇس شامى، 20 ۋە 25 سانتىمېترلىق ئۆي شامى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىپ بازارغا سېلىنغان ھەمدە روسىيىلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان. موسكۋا، سانكت- پېتېربۇرگ شەھەرلىرىمۇ ئالاھىدە ئۇلارغا شام زاكاز قىلىدىغان بولغان. سوپۇنمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېكسپورت قىلىنغان. ئۇندىن باشقا، مۇسا ھاجىم تاشلاندۇق يۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ، كىگىزچىلىك كەسپىنى يولغا قويغان. چىدامىلىق ۋە قېلىن بولغان ناماتمان كىگىزى دەل مۇسا ھاجىمنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (ناماتمان مەھەللىسى ئىلىدىكى كىگىزچىلىك كاسىپلىرى ئولتۇراقلاشقان مەھەللە بولۇپ، ئۇلارنى مۇسا ھاجىم جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغان). ئۇلار تۈرلۈك گۈللۈك كىگىزلەرنى ئىشلەپچىقارغان بولۇپ، ئىلى، ئالتە شەھەرنى تولۇق تەمىنلەپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ چىقىرىلغان. خىللانغان قوي يۇڭىدا گىلەم توقۇش، پىيما ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، تېخنىك ئۇستىلارنىڭ ئۇزۇكچىلىكى تۈپەيلى گىلەمچىلىك كەسپى ئانچە چوڭ تەرەققىي قىلالماي قالغان. پىيما سېخىدا بولسا 30 نەپەرگە يېقىن ئىشچى بار بولۇپ، ئىشلەنگەن پىيمىلار شىمالىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا سېتىلغان.

مۇسا ھاجىم مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئەلا بولمىسا بازارغا سالمىغان. ئۇنىڭ چوڭ كارخانىسىدا، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرى پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، يەنى كۆن - خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. سۈپەتلىك تېرىلەردىن كۆن - خۇرۇم، چەم ياسالسا، 2. دەرىجىلىك تېرىلەردىن ئىگەر جابدۇق ۋە ھارۋا جابدۇقلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلار ياۋروپا بازارلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ كەسىپ ئالدىنقى ئەسىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ يەنى 1949- يىل ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلغىچە داۋام قىلغان.

مۇسا ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھۈسەنباي بىلەن باھاۋۇدۇنباي ئۇنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېرە زاۋۇتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بولۇپمۇ 1909- يىلى ئۇلار گېرمانىيىدىن زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارغا كىرىدۇ. چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئۇزاق يىلغىچە ھەربىي ئاتنىڭ ئىگەر جابدۇقلىرى، قىلىچدان (غىلاپ)، سومكا، ھەربىي ھارۋا جابدۇقلىرىنى مۇسابايوۋلاردىن ئالىدۇ. 1912- يىلى ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى باشلىنىش ھارپىسىدا، ھۈسەنباي قوزغىلاڭچى ئارمىيىنى ئۆتۈك، ئات ئىگەر جابدۇقلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇسا ھاجىم قۇرغان جۇۋىچىلىق كارخانىسى تەرەققىي قىلىپ، بەرلىك جۇۋا، ھەربىي جۇۋا ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەرلىك جۇۋىسى تاشلىق، تاشسىز ۋە ھەر خىل ياقىلىق بولۇپ، قوي تېرىسىدىن ئىشلىنىپلا قالماستىن، بۆرە، يىلپىز، تۈلكە، سۆلەيسۇن، تىيىن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار تېرىسىدىن تىكىلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە، بۇ كارخانا چارروسىيە ئارمىيىسىنى، ئاندىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنى، شىنجاڭدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنى ھەربىي جۇۋا بىلەن تەمىنلەيدۇ. 1944- يىلى 11- ئايدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەم بۇ كارخانا تەرىپىدىن ھەربىي جۇۋا بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ.

مۇسا ھاجىم ھايات ۋاقتىدا كالا، قوي، ئۆچكە مۈڭگۈزلىرى ۋە سۆڭەكلەرنى يىغىپ تۈگمىچىلىك كارخانىسى ئاچقان. مۈڭگۈزلەردىن قارا تۈگمە، سۆڭەكلەردىن ئاق تۈگمە ياسالغان. (ئۇيغۇر تۈگمىچىلىكى ئەزەلدىن سۆڭەكنى خام ئەشيا ماتېرىيالى قىلىپ كەلگەن) نەتىجىدە تۈگمە ئىمپورت قىلىشقا خاتىمە بېرىلگەن.

يار يىلىم كارخانىسىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ كەلگەن. بۇ كەسىپتە ئاساسلىقى خام، پىششىق تېرىلەردىن چىقىرىۋېتىلگەن تاشلاندۇق نەرسىلەر، ھەر خىل پۇرۇچلار خام ئەشيا قىلىنغان، يەنى بۇ نەرسىلەر قايىنىتىلىپ يار يىلىم ياسالغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇلۇپ ئېكسپورت قىلىنغان.

مۇسابايوۋلار كارخانىنى ئەنە شۇنداق ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرغان بولۇپ، بۇ كەسىپلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ.

فۇئات مۇسابايوۋ

مەسئۇل تەھرىر: دەريا ھەسەن

سودا تارىخىمىزدىن

«شىنجاڭ سودا گېزىتى» مۇدىرىيىتىگە ئەزا ئورۇنلار

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات - نەشرىيات باشقارمىسى، شىنجاڭ تىببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى، شىنجاڭ كۆك تاماكا ئىدارىسى، شىنجاڭ بىڭتۇەن سودا ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت باش شىركىتى، شىنجاڭ مىللىي سودا - دوستلۇق شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىكلەر شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق شېكەر، ھاراق شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا سايمانلىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ تۈرپاندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق توقۇلما ماللار شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مېتال، قاتناش، ئېلېكتر بۇيۇملىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ترانسپورت شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ساقلاش، توشۇش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - سودا ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - سودا ئىدارىسى، شىنجاڭ ئېلان - سەنئەت شىركىتى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي شىنخۇا يولى 17 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى 341 — 222901، ئېلان تىجارىتى كىنىشكە نومۇرى: 0100127،
مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىدە پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. باھاسى: 0.15 يۈەن